# قايسى ئىش ئاللاھ تائالاغا بەك ياخشى كۆرەلگۈچى؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟ دېسەم، :« ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى دېسەم، :«ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن:قايسى ئىش ئاللاھ تائالاغا بەك ياخشى كۆرەلگۈچى؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟ دېسەم، :« ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى دېسەم، :«ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى، ماڭا ئۇلارنى سۆزلەپ بەردى، ئەگەر يەنە سورىغان بولسام ماڭا يەنە دەپ بېرەتتى.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: قايسى ئىش ئاللاھ تائالاغا بەك ياخشى كۆرەلگۈچى؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:« شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئوقۇلغان پەرز ناماز» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە ئۇلارنى قاقشاتماسلىق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئالى قىلىش، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى مۇداپىئە قىلىپ، ئىسلامنىڭ شۇئارلىرىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن جېنىنى ۋە مېلىنى سەرپ قىلىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا مۇشۇ ئىشلاردىن خەۋەر بەردى، ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ دەپ سوراۋەرگەن بولسام، ماڭا تېخىمۇ كۆپ جاۋاپ بېرەتتى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3365

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee